# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئانگولا زۇڭتۇڭى، ياپونىيە باش ۋەزىرى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئانگولا جۇڭگونىڭ ئافرىقىدىكى مۇھىم ھەمكارلىق ھەمراھى. جۇڭگو، ئانگولا ئىككى دۆلەت چىن، سەممىي ياخشى قېرىنداشلار، ياخشى ھەمراھلار. جۇڭگو تەرەپ ئانگولا تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا ئىزدىنىشىنى قوللايدۇ، ئانگولا تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، جۇڭگو - ئانگولا ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو بىلەن ئانگولانىڭ ئىقتىساد جەھەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاشچانلىقى كۈچلۈك، جۇڭگو تەرەپ ئانگولا تەرەپ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي كۈچى بار جۇڭگو كارخانىلىرىنى ئانگولاغا بېرىپ مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئانگولانىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئانگولا تەرەپ بىلەن كۆپ تەرەپلىك سورۇن ۋە خەلقئارا ئىشلاردا ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئورتاق قوغداپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

لورېنزو جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو بىردىنبىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىگەن چوڭ دۆلەت. ئانگولا تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئانگولانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئانگولا تەرەپ جۇڭگو بىلەن بولغان يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇناسىۋەت ۋە چوڭقۇر دوستلۇققا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ئانگولاغا سالىدىغان مەبلىغىنى زورايتىپ، ئىقتىساد - سودا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى قارشى ئالىدۇ. ئانگولا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن خەلقئارا ئىشلاردا ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە ياپونىيە باش ۋەزىرى جىەن يۈۋېي بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۆزئارا مۇھىم يېقىن قوشنا ۋە ھەمكارلىق ھەمراھى بولۇپ، ئوخشاشلا ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى مۇھىم دۆلەت ھېسابلىنىدۇ، كەڭ ئورتاق مەنپەئەت ۋە كەڭ ھەمكارلىق بوشلۇقىغا ئىگە. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى توغرا يولغا قايتىش ھەم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. جۇڭگو تەرەپ ياپونىيە يېڭى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو - ياپونىيە تۆت سىياسىي ھۆججىتىنىڭ تۈرلۈك پرىنسىپلىرى ۋە روھى بويىچە، تارىخىي مەسىلە قاتارلىق مۇھىم، زور سەزگۈر مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. مەن سىز بىلەن بىللە ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك قىلىش رولىمىزنى ئورتاق جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئورتاق مەنپەئەتنى سىجىل كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامرىماقتا، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق سىياسەت تاللىشىغا ئايلاندى. جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا قوللاپ، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرسا بولىدۇ. جۇڭگو - ياپونىيە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى يۇقۇمنىڭ زەربىسىدە ۋەزىيەتكە قارشى ئېشىپ، كۈچلۈك ئېلاستىكىلىقى ۋە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ مۇقىم، راۋان كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى بىلەن ئادىل، ئېچىۋېتىلگەن سودا ۋە مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئورتاق قوغداپ، ھەمكارلىق سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو تەرەپ ياپونىيە تەرەپنىڭ كېلەر يىلى بىر نۆۋەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشىنى قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىسىگە ئالغان. ئىككى تەرەپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى بويىچە، كۆپ تەرەپچىللىكنى پائال تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپ ۋە خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغداپ، خەلقئارادىكى كۆپ تەرەپلىك ئاپپاراتلار ۋە رايون ھەمكارلىق مېخانىزمىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك يەر شارىۋى خىرىسلارغا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، ئاسىيانىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

جىەن يۈۋېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياپونىيە تەرەپ جۇڭگوغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ياپونىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى ئەڭ مۇھىم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. ئىككى دۆلەت يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتا بىر - بىرىنى قوللىدى. مۇقىم بولغان ياپونىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىدە كەم بولسا بولمايدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن زىچ پىكىرلىشىشنى ساقلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقىرىپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياپونىيە - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. ياپونىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن زىچ پىكىرلىشىپ، يىل ئىچىدە رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىمزالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ياپونىيە - جۇڭگو - كورېيە ئەركىن سودا رايونى سۆھبىتىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، رايون كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ.

ئىككى تەرەپ يەنە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسى تولۇق ئىپادىلەنگەن. خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشى دۆلىتىمىزنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىدىكى كۈچ. بۇ قىممەتلىك پائالىيەتنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئالاقە تورىنىڭ خەلقنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىش، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قەلب ۋە كۈچنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىدە ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىدە توردا پىكىر ئېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەلق گېزىتى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى قارمىقىدىكى مەمۇرىي تور بېكىتى، ئاخبارات تېرمىنالى ھەمدە «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسىدا «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانغا چارە - تەدبىر كۆرسىتىش مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ پىكىر - تەكلىپى ئاڭلاندى. پائالىيەت تەرتىپلىك تەشكىللەندى، جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى قىزغىن بولدى، تور ئەھلىنىڭ جەمئىي 1 مىليون 18 مىڭدىن ئارتۇق چارە - تەدبىرى تاپشۇرۇۋېلىنىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پايدىلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەندى.

# شىنجاڭ ساياھىتى ئالتۇن كۈزدە ئەسلىگە كەلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كەچتە، 200گە يېقىن جىلىنلىق ساياھەتچى ئولتۇرغان نۆۋەتچى ئايروپىلان ئالتاي ئايرودرومىغا سىلىق قوندى، نۆۋەتچى ئايروپىلاندىكى يولۇچىلار «جەننەتىي ناملىق» جىلىننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھۆددە ئايروپىلان ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەر ئىدى. تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئالتاي ۋىلايىتى كۆپ تۈرلۈك ساياھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى چىقاردى ھەم شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، ساياھەتچىلەرنى ئالتايغا كېلىشكە جەلپ قىلدى. يېقىندا، جىلىن ئۆلكىسى يەنە ئالتاي ۋىلايىتىگە بىردىن ئىككىگىچە ساياھەت مەخسۇس پويىزى، بىردىن ئىككىگىچە ساياھەت نۆۋەتچى ھۆددە ئايروپىلانى قاتناتقۇزىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل «جەننەتىي ناملىق» جىلىننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ساياھەت مەخسۇس پويىزى، ساياھەت ھۆددە ئايروپىلانىدا 3000دىن ئارتۇق ساياھەتچى ئالتايغا ساياھەتكە كېلىدىكەن.

شۇ كۈنى، خۇنەننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش قوماندانلىق ئىشتابى «ساياھەت ئىستېمالى ھەرىكىتى . خۇنەنلىكلەرنىڭ تۇرپان ساياھىتى» پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، 200دىن ئارتۇق خۇنەنلىك ساياھەتچى تۇرپانغا كېلىپ ساياھەت قىلدى.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى يېقىندا ساياھەت نۆۋەتچى ھۆددە ئايروپىلاندىن 19نى، ساياھەت مەخسۇس پويىزدىن ئىككىنى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 11 نۆۋەتچى ئايروپىلان جىياڭسۇنىڭ ئىلى ئوبلاستىغا ياردەم بېرىش ھۆددە ئايروپىلانى، سەككىز نۆۋەتچى ئايروپىلان شىنجاڭ ئىچى ھۆددە ئايروپىلانى.

ھازىرقى پەسىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شىنجاڭ تۆمۈريول ساياھەت تەرەققىيات گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شىمالىي شىنجاڭ جەلپكار كۈز يۈرۈشلۈكى، جەنۇبىي شىنجاڭغا رىشتە باغلاش يۈرۈشلۈكى، شەرقىي شىنجاڭغا مەپتۇن بولۇش يۈرۈشلۈكى، دۇنخۇاڭدا ئۇچرىشىش يۈرۈشلۈكى، شىنجاڭدىن چىقىدىغان مەخسۇس پويىز يۈرۈشلۈكى قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىشتىكى ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى لايىھەلىدى، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە ساياھەت مەخسۇس پويىزىدىن 26سى قاتنايدۇ. ساياھەت مەخسۇس پويىزى مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30% تۆۋەنلىتىلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئەڭ زور چەكتە پايدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

# خوتەن تۇەنچېڭ: كونا شەھەر يېڭى تۈسكە كىردى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئابابەكرى مۇنداق تونۇشتۇردى: تۇەنچېڭنى ئۆزگەرتىشتە تارىخىي مەدەنىيەت ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىپ، شەھەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، تۇرمۇش مۇھىتى ياخشىلىنىپلا قالماي، يەنە ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۈگۈنكى كۈندە، خوتەن تۇەنچېڭ شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر «داڭقا قىلىدىغان» ئاۋات جايغا ئايلاندى.

«تۇەنچېڭ رېنجيا» بىر ۋاڭخۇڭ ئاشخانا. «ئاشخانا ئاساسلىقى ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ساياھەتچىلەردىن باشقا، نۇرغۇن يەرلىك كىشىنى دائىم كېلىپ تۇرۇشقا جەلپ قىلدى، ھەتتا تۇەنچېڭدىكى ياشانغانلارمۇ كېلىپ ئولتۇرۇپ، خوتەننىڭ قىزىلگۈل چېيىنى ئىچكەچ، مۇزىكا ئاڭلايدۇ.» ئاشخانىنىڭ ئىگىسى مەتباخۇن ئابلىمىت مۇنداق دېدى: ئاشخانىمىزغا 30غا يېقىن كىشىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون كىشى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە.

نۆۋەتتە، تۇەنچېڭ 1 - قارارلىق 97 ئائىلىنىڭ ئۆيىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. تۇەنچېڭ 2 -، 3 - قارارلىق ئۆزگەرتىش تۈرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىمۇ ماس قەدەمدە قۇرۇلۇۋاتىدۇ. تۈر تولۇق تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ يەردە بەلگىلىك كۆلەمدىكى قاشتېشى ئويمىچىلىقى، توقۇمىچىلىق، مىللىيچە كىيىم - كېچەكلەرنى پىچىش - تىكىش، گۈل بېسىش، بوياش، رەڭدار نەقىشلەش قاتارلىق مىللىيچە قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى ھۈنەرخانىلىرى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

2019 - يىلى، تۇەنچېڭ دۆلەتلىك 3A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلدى. ئابابەكرى مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، تۇەنچېڭدا خوتەن شەھىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيەت ساياھەت چەمبىرىكى بەرپا قىلىنىپ، خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر جەلپ قىلىنىپ، خوتەن ساياھەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

باشقا سودا شەكىللىرىدە تېز تەرەققىي قىلىش ھالىتى كۆرۈلۈپ، پىششىقلاش سودىسى، باجدىن خالىي ئەشيا ئوبوروتى، باشقا سودا قاتارلىقلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولغان.

قازاقىستان يەنىلا جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بىرىنچى چوڭ سودا ھەمراھ دۆلىتى بولۇپ، 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 44 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.2% ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈنەرلىك بولغان.

پۇقراۋى كارخانىلار يەنىلا تاشقى سودىدىكى ئاساسىي كۈچ بولغان، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىمۇ جانلىنىش بولۇپ، تاشقى سودىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆسكەن. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئېكسپورتى سىجىل ئاشقان، تەبىئىي گاز، مېتال رۇدىسى ۋە رۇدا ئاساسلىق ئىمپورت تاۋارلىرى بولۇپ قالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش مەخسۇس پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى لايىھەسى، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتى لايىھەسى قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەر ئەمەلىيلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن، ئالدىنقى باسقۇچتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر يەنىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ دەل جايىدا ئۈنۈملۈك بولغان تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كارخانىلارغا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرى بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى «ئەلا سۈپەتلىك، لېكىن نامى تونۇلمىغان» ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى «بازىرى ئىتتىك مال»غا ئايلاندى.

**يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر مول مېۋە بەردى**

«ھازىر ئۆيۈمدە بوتىلاپ بولغان ئون تۆگە بار، ھەربىر تۆگىدىن كۈندە ئىككى كىلوگرام سۈت چىقىدۇ، ھەربىر كىلوگرامنى 40 يۈەن بويىچە ھېسابلىغاندا، كۈندە تۆگە سۈتىدىن 800 يۈەن كىرىم قىلىمەن، بۇنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم» دېدى گەزلىك بازىرى ئۈستۈنكى قاشئېرىق كەنتى تۆگە باقمىچىلىق بازىسىدىكى باقمىچى زىبىرگۈل مىرزى مۇخبىرغا.

تۆگە باقمىچىلىقىنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، تۆگە يىرىك يەم - خەشەك بىلەن بېقىلىدۇ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك، تۆگە سۈتىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بولۇپ، «قۇملۇق ئاق ئالتۇنى» دەپ ئاتالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقان - چارۋىچىلار باققان تۆگە سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، تۆگىچىلىك كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، كەلپىن ناھىيەسىدىكى ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

نۆۋەتتە، كەلپىن ناھىيەسىدە 8600دىن ئارتۇق تۆگە بېقىلىۋاتىدۇ. كەلپىن ناھىيەسىنىڭ تۆگىچىلىك كەسپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان - چارۋىچىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، بۇ ناھىيە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش ئارقىلىق تۆگە سۈتى پىششىقلاش كارخانىسىدىن بىرنى كىرگۈزدى، نۆۋەتتە ھەر كۈنى ئۈچ تونىنا تۆگە سۈتىنى پىششىقلىيالايدۇ.

ھەسەل ھەرىسى بېقىش «تېز ئۈنۈم بېرىدىغان يېزا ئىگىلىكى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەبلەغ ئاز سېلىنىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان بىر تۈرلۈك كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر قىسىم دېھقانلار ئۆز جايىنىڭ شېرىنە ئۆسۈملۈكلىرى تەدرىجىي موللاشقانلىقىدەك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «تاتلىق كەسىپ»نى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا تايىنىپ كىرىمىنى ئاشۇردى.

**كەسىپ تەرەققىياتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى**

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ كۆپ دېھقاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلدى.

ئاچال بازىرى گەزلىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇللا ماموتنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى، كىچىك باللىرى بولغاچقا، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا ئامالسىز ئىدى، ئىلگىرىكى كۈنلىرى بىرقەدەر جاپا - مۇشەققەتتە ئۆتكەنىدى.

بۇ يىل، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى بىر بوش يەرنىڭ ئۇن پىششىقلاش ھۈنەرخانىسى قۇرۇشقا بىرقەدەر ماس كېلىدىغانلىقىنى بايقىدى، بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن، ئەتراپتا ئۇن پىششىقلاش ھۈنەرخانىسى بولمىغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بۇغداي پىششىقلاش ئۈچۈن يىراققا قاتراشتەك قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى قاندۇردى.

«كەنت كادىرلىرى بىزگە ياردەملىشىپ قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىپ بەردى، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئىككىيلەن ئۇن پىششىقلاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى ئىگىلىدۇق. ھازىر، چوڭلار ۋە بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز قولايلىق بولۇپلا قالماي، ھەر ئايدا يەنە 4000 يۈەن ساپ كىرىم قىلىمىز» دېدى ئابدۇللا خۇشال ھالدا.

2016 - يىلىدىن بۇيان، كەلپىن ناھىيەسى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىنى نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇت(سېخ)لىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈپ، نامرات ئاممىنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆكتات تېرىقچىلىقى، چارۋا باقمىچىلىقى، باغ - ئورمانچىلىق ئەمەلىي تېخنىكىسى ۋە ئىشلەمچىلىك ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، نامرات ئاممىنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق سەۋىيەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.